


# ئىستىقلال

2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي
5 ـ سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت


## تاشقى دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى:

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ نىزامنامىسى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلاندى



ئۆز خەۋىرىمىز: 21 ـ ئەسىر ، 50 يىلدىن بۇيان تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي مۇجادىلىمىز ئۈچۈن خەيرلىك ۋە خوشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ نىزامنامىسى بۇيىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رەسمىي ھالدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىي تەستىقىدىن ئۆتۈپ، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز تاشقى دۇنيادا قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشتى. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ـ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن موھىم ستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك دىپلوماتىك ۋە سىياسىي بېسىم، شۇنداقلا ھەرخىل ھىلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاشقى دۇنيادىكى مىللىي ھەرىكىتىنى پالتىلاشقا ۋە يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ بىر ئەجەللىك زەربىدىن ئىبارەت .

(داۋامى 2 ـ بەت)

## رابىيە قادىر 8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاتالمىش « ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى » مەخپىي سوت ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەشھۇر ئۇيغۇر كارخانىچى رابىيە قادىر خانىمنى « چەتئەللىكى دۆلەت مەخپىيەتلىكى بىلەن تەمىنلىگەن » دىگەن بوھتان بىلەن 8 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى ۋە سىياسىي ھوقوقىدىن 2 يىل مەھرۇم قالدۇردى. رابىيە خانىمنى ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئوغلى ۋە كاتىۋى بىلەن بىرگە



يۇقارقىدەك تۆھمەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى.

( داۋامى 8 ـ بەتتە )

## «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ يىللىق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ يىللىق ئومومىي قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 1999 ـ يىلى ياۋروپا مىقياسىدا ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى خۇلاسىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە، تەشكىلاتنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ميونخىن شەھىرىدىكى مەركەز ئىشخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، تەشكىلاتنىڭ ميونخىن شەھرىكى بارلىق ئەزالىرى ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، يەنە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ بىرقىسىم مەسئۇللىرى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى.

( داۋامى 8 ـ بەتتە )

## « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى تەشكىلاتلار غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 ـ يىللىقىنى كەڭكۆلەمدە خاتىرلىدى

( تولۇق تېكستى 3 ـ بەتتە )



# « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى ۋە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى تەشكىلاتلار غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقىنى كەڭ كۆلەمدە خاتىرىلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزگەن ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىق خاتىرى كۈنىدىن ئىبارەت. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، باش شتابى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنى ۋە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى بىرقىسىم تەشكىلاتلار بايانات ئېلان قىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىش، تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىش ... قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

## مەركەزدىكى پائالىيەتلەر

« 5 - فېۋرال » ھارپىسىدا ئالدى بىلەن مىللى قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ئالاھىدە ئۇختۇرۇش يوللاپ، بۇ تەشكىلاتلاردىن، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى يول قويغان دائىرە ئىچىدە نامايىش قىلىش، خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، ئاخبارات - بايانات ئېلان قىلىش، تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىش، كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇش ... قاتارلىق ھەرخىل ئاممۋى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ قانلىق پاجىئەنى يەنە بىرقېتىم دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى تەلەپ قىلدى.

## مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىلدى

4 - فېۋرال كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » بىلەن مىللى قۇرۇلتاي ۋە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتى ئورتاق ھالدا غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى « ئاسترون » مېھمانخانىسىدا مەخسۇس چەتئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىردى. « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ. دېلىۋس، مىللى قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ۋە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجانلار بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلغان بۇ قېتىمقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا، دۇنياغا مەشھۇر « رويتېر ئاگېنتلىقى »، « گېرمانىيە ئاۋازى رادىيوسى »، « جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتى »، « زامان » گېزىتى، « مىللى گېزىت »، « يېڭى كۈن » ژورنىلى ... قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا مۇخبىرلارغا « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » بىلەن مىللى قۇرۇلتاي بىرلىكتە ھازىرلاپ چىققان گېرمانچە 17 بەتلىك يازما ئاخبارات تارقىتىپ بېرىلدى. يىغىن جەريانىدا، ئۇلرىخ. دېلىۋس ئەپەندى، ئەسقەرجان قاتارلىقلار، چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇيانقى ئىلى رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمى ئەھۋالى ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا يۈزتۇرانە ھالدا جاۋاپ بەردى ھەمدە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىنى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان فاشىستىك ۋە قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسى ۋەقەلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا چاقىردى.

بۇقېتىمقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ھەققىدىكى خەۋەر، يىغىنغا قاتناشقان ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك تەپسىلى ئېلان قىلىنىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر سىياسى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئۇندىن باشقا يەنە قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان « 5 - فېۋرال » دىن بۇرۇن « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ، خىتاينىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى تەرەپ ئورتاق ھالدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇلاردىن بۇھەقتە ئىجابى جاۋاپ ئالدى. بۇجەرياندا قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ تەلىۋىگە بىنائەن مەزكۇر تەشكىلاتنى ئەينى چاغدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى ۋە بۇ قىرغىنچىلىقتىن بۇيان ئىلى رايونىدا يۈزبېرىپ كېلىۋاتقان سىياسى ۋەقەلەر ھەققىدە دەلىل - ئىسپاتلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، نەتىجىدە « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانچە 17 بەتلىك مەخسۇس ئاخبارات ھازىرلاپ چىقتى.

## ميونخېندا نامايىش

4 - فېۋرال چۈشتىن كېيىن، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى ۋە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاينىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا قۇرۇلتاينىڭ مەركەزدىكى رەھبەرلىرى ۋە ميونخېن شەھىرىدىكى بىرقىسىم ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، غۇلجىدىكى ۋەھشى قىرغىنچىلىق ئەيىپلەنگەن ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكا ۋە رەسىملىك تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خىتاي فاشىستلىرىغا قارشى جاراڭلىق ھالدا شوئار توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى نامايەن قىلىشتى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇقېتىمقى نارازىلىق نامايىشى باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن جانلىق كەيپىياتتا ئۆتتى.

## قۇرۇلتاي نامىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىندى

4 - فېۋرال كۈنى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلتاي نامىدىن خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىغا ئەنگىلىزچە مەخسۇس باياناتنامە يوللاپ، ئۇلارغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇندىن 3 يىل بۇرۇن غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنى قايتىدىن خاتىرىلىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا كۈچلۈك شەكىلدە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىردى.

باياناتتا قىسقىچە مۇنداق دېيىلدۇ:

« خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلمى، شۈبھىسىزكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرىنى، شۇنداقلا 1948 - يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىك ماددىسىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى بايانامىسى » نىڭ روھىنى ئاياق - ئاستى قىلغانلىقتىن ئىبارەت! چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار سوت قىلىنمايلا ئۇزۇن مەزگىل تۈرمىلەرگە قامالماقتا، ئۇزۇن يىللىق مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنماقتا ۋە ھەتتا كوللېكتىپ ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇخىل زۇلۇمغا دۇچار بولۇشىنىڭ يېگانە سەۋەبى - ئۇلارنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىدىن ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانچە ياشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇنداق ھالەتتە بىز، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىبىدىن ۋە دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىدىن دەرھال شەرقىي تۈركىستانغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى ۋە بۇ ھەيئەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىغا دوكلات سۇنۇشىنى تەلەپ قىلىمىز ».

رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ ئاخباراتىدا يەنە مۇنداق دېيىلدۇ:

« خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلمى، يالغۇزلار خەلقئارالىق قانۇنلارنىڭ

روھىغا زىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا قىلىنىۋاتقان ھاقارەتتىن ئىبارەتتۇر. كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىغا قارشى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ، بۇخىل ھەرىكەتلەر بولۇپمۇ نۆۋەتتە خوتەن رايونىدا تازا ئەۋجىگە چىقماقتا، بۇجەرياندا يۈزلەرچە مەسجىدلەر ۋە مەدرىسلەر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرى ھالدا تاقىۋېتىلدى، مىڭلارچە ئۆلىمالار ۋە دىندار ئۇيغۇرلار قولغا ئېلىندى، مەسجىدلەردىن ۋە خىزمەتلىرىدىن ھەيدەلدى ۋەياكى ئىقتىسادى جازاغا ئۇچرىدى، تۈرلۈك دىنى ئەسەرلەر مۇسادىرە قىلىندى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، دۇنيادىكى بارلىق دىنى تەشكىلاتلارنى خىتاينىڭ بۇخىل قىلمىشلىرىنى « دىن پىرىنسىپلىرىگە زىت » دەپ ئەيىپلەشكە چاقىرىمىز ».

باياناتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلدۇ:

« بىز شۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىمىزكى، زوراۋان ھەربى كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق ھېچبىر مىللەتنىڭ ئەركىن ۋە ھۆر ياشاشتىن ئىبارەت ئىنسانى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى يوق قىلىش مۇمكىن ئەمەس! بىز، خىتاي ھۆكۈمىتىنى دىيالوگ ۋە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇشقا چاقىرىمىز! ».

## بېرلىندا نامايىش

4 - فېۋرال كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مىللى قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » مۇ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدىكى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بېرلىن شەھرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى ئەيىپلەپ دۇنياغا مەخسۇس بايانات ئېلان قىلدى.

## ئاۋۇستىرالىيەدە نامايىش

مىللى قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » مۇ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2 - ئاينىڭ 5 - ۋە 6 - كۈنلىرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سىدنېي ۋە ئادېلايدې شەھەرلىرىدە خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

يۇقارقى ئىككى قېتىملىق نامايىشتىن كېيىن، « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » ئاۋۇستىرالىيەنىڭ باش مىنىستىرى جون ھوۋارد ئەپەندى بىلەن جەنۇبى ئاۋۇستىرالىيە پارلامېنتىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى جىددى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا تېخىمۇ كۈچلۈك بېسىم ئىشلىتىشنى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ئۇندىن باشقا بۇ تەشكىلات يەنە غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەخسۇس بايانات تارقاتتى.

## قازاقىستاندا!

4 - فېۋرال كۈنى سائەت 11 لەر ئەتراپىدا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېت ئەزاسى ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى ساۋۇت ئابدۇراخمان، قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېت ئەزاسى قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « نوزۇگۇم فوندا جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى دىلبىرىم سامساقوۋا باشچىلىقىدىكى بىرگۇرۇپ ئۇيغۇر، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدىكى ۋەھشى قىرغىنچىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىدىدە تۇيۇقسىز ھالدا خىتاينىڭ ئالمۇتا شەھرىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توپلاندى، ئەنگلىيەنىڭ « ب.ب.س » رادىيوسى ۋە قازاقىستاندىكى بەزى گېزىت - ژورناللارنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇيغۇر نامايىشچىلارغا ھەمرا بولۇپ بىرگە بارغان ئىدى. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈشىگە يول قويمىغىنى ئۈچۈن، قەھرىمان غوجامبەردى ۋە ساۋۇت ئابدۇراخمانلار قازاقىستاننىڭ بىر نەپەر ساقچىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتى قاتتىق ئەيىپلەنگەن بىرپارچە نارازىلىق خېتىنى ئەلچىخانا خادىمىغا تاشلاپ بېرىپ قايتىپ چىقتى. بۇ بىرگۇرۇپ ئۇيغۇر قازاقىستان ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق ئېتىرازلىرىغا ۋە توسۇشىغا قارىماي خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا قىسقىچە نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

شۇكۈنى يەنە قەھرىمان غوجامبەردى ۋە ساۋۇت ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، خىتاينىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مۇراجەتنامە يوللاش بىلەن بىرگە، قازاقىستاندىكى ھەرقايسى چەتئەل ئاخبارات ئورگانلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى بايان قىلىنغان 4 بەتلىك ئاخبارات تارقىتىپ بېرىلدى.

5 - فېۋرال چۈشتىن كېيىن، مىللى قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى ۋە دائىمى كومىتېت ئەزاسى ساۋۇت ئابدۇراخمانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر جامائىتى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالمۇتا شەھرىدىكى كونفىرانس سارىيىغا توپلاندى، ئەپسۇسكى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئامانلىق خادىملىرى كونفىرانس سارىيىنى قامال قىلىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشىنى مەنئى قىلدى ۋە « تارقالمىساڭلار قولغا ئالىمىز » دەپ قورقاق سېلىپ، ئۇيغۇر جامائىتىنى مەجبۇرى تارقىتىۋەتتى.

## قىرغىزىستاندا!

5 - فېۋرال كۈنى ، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ باش تەپتىشى ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « بېشكەك شەھەرلىك ھوقوقنى قوغداش دېموكراتىيە تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى تۇرسۇن ئىسلام باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر جامائىتىمۇ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخبارات ئېلان قىلىش، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، مۇخبىرلارغا بايانات ئېلان قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى.

يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە، مىللى قۇرۇلتاي تەركىۋىگە مەنسۇپ ئامېرىكا، شىۋىتسىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمۇ تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن « 5 - فېۋرال » قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقىنى خاتىرىلىدى.




دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ باش تەپتىشى ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « بېشكەك شەھەرلىك ھوقوقنى قوغداش دېموكراتىيە تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى تۇرسۇن ئىسلام باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى نامايىش ئۆتكەزدى.

# قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن، ئامېرىكا پرېزىدېنتىغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىغا ۋە گېرمانىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇراجەئەتنامە يوللىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى : 99 - يىلى 10 - دېكابىر كۈنى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون ۋە « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ باش كاتىبى كوفى ئاننانلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇراجەئەتنامە يوللاپ، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى جىددى سىياسىي ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىككە چاقىردى.

رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ ئەنگلىز تىلىدا يوللىغان مەزكۇر ئىككى مۇراجەئەتنامىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى بىل . كېلىنتونغا يېزىلغان مۇراجەئەتنامە

پرېزىدېنت جاناپلىرى:

بۈگۈن 10 - دېكابىر - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى، ئەپسۇسكى، دۇنيا جامائىتىنىڭ بۇ ئۇلۇق كۈنىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى بولغان ئۇيغۇر مىللىتى زۇلۇم، دەرت - ئەلەم ۋە يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا ئۆتكۈزمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قوپال رەۋىشتە قاتتىق ئاياق - ئاستى قىلىنماقتا. خىتاي ھاكىمىيىتى مەجبۇرى ھالدا خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۇرتىمىزغا يەرلەشتۈرۈپ، خەلقىمىزگە قارىتا دۆلەت تېرورى سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇنداق ئىنسانسىز زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئوخشاش دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلارنى قوغداۋاتقان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ تەستىقلانغان ئىدى. جۈملىدىن، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 1999 - يىلى 20 - ئاپرېلدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، ئۆتكەن يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تېررورىيەسىدە پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىلا سىياسىي مەھبۇسلار ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداقلا گېرمانىيەدىكى « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » يۇرتىمىزدا 1997 - يىلى فېۋرالدىن بۇيان 250 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. ھەقىقەتەن يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي سەۋەپلەر بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىن بىرنەچچە ھەسسە ئارتۇق! خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىمۇ ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چەتئەل مۇخبىرلىرىنى كىرگۈزمەيۋاتقانلىقىنى، تەرەپسىز ھەيئەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ ئەھۋاللارنى ئۆز جايىدا تەكشۈرۈشىگە رۇخسەت قىلمايۋاتقانلىقىنى ۋە ئاخبارات - ئۇچۇرلارنىڭ ئەركىن ئالمىشىشىغا يول قويمايۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، « مىڭ بىر تەستە تېپىپ دوكلاتىمىزغا يازغانلىرىمىز پەقەتلا ئەھۋالنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە دەسلەپكى يىپ ئۇچى بولۇشى مۇقەررەر، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزىلىۋاتقان بۇنداق زۇلۇمغا چارە ئىزدىمەستىن قاراپ تۇرالمايدۇ » دەپ كۆرسۈتۈلگەن ئىدى.

جانابى پرېزىدېنت، سىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دېموكراتىك دۆلەتنىڭ رەئىسى ۋە شۇنداقلا ئامېرىكا خەلقى بولسا دېموكراتىيە، ئەخلاق ۋە ئىنسانى قەدىر - قىممەتلەرنىڭ چېمپىيونى، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلارنى قوغداش يولىدا تۇتىۋاتقان سىياسىي يولىڭىز خەلقئارا سەھنىلەردە ئىجابى باھاغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەتئەللەردىكى ۋەكىللىرى سىزنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى ياقلىغان سىياسىي يولىڭىزنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز پۇخرالىرىغا قاراتقان، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلمى كۈچىيىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پوزىتسىيەسىنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەم بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل!

خەلقىمىز، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كۈنىنى « بىزنىڭ نەسلىمىز يوقۇلۇپ كېتەرمىكىن » دەپ تەشۋىشلىنىپ ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ كۈندە بىز، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى خەلقىغە ۋە بۇ خەلقنىڭ پرېزىدېنتى بولغان جاناپلىرىغا شۇنى خاتىرلەتمەكچىمىزكى، بۈگۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلارغا بولغان ئەڭ ئېغىر دەپسەندىچىلىك يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلماقتا، شۇنداقلا ھازىر دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇرلاردەك ئۇ قەدەر قاتتىق ئېزىلىۋاتقان ۋە زۇلۇم كۆرىۋاتقان باشقا بىر مىللەت يوق. بۇنداق ئېغىر شارائىت ئاستىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزى تەنها ھالدا ئۆز تەقدىرى بىلەن ئۆزى بوغۇشماقتا، ئۇيغۇرلارغا ھېچبىر تىنچلىقپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر مىللەت ياكى دۆلەت ياردەم قىلمايۋاتىدۇ، شۇڭا بىز جانابىڭىزنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ياقلاپ تۇتقان سىياسىي يولىڭىزنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىن خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن قىلغان مۇناسىۋەتلىرىڭىزدە بۇ دۆلەت تېررورىيەسى ئىچىدە زورلۇق كۈچ بىلەن ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇر، موڭغۇل ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى دادىللىق بىلەن ياقلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز. شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى كۆز ئالدىڭىزدا تۇتۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىرگە، خىتاي رەھبەرلىرىنى ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشقا، ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل ۋە باشقا دىنىي، ئىرقىي گۇرۇپپىلارغا زۇلۇم قىلماسلىققا ۋە بۇ مىللەتلەرگە قارشى يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تېرورىنى توختۇتۇشقا، دۇنيادىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر خەلقلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومومى باياننامىسىنىڭ ماددىلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا، ئىنسانلارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلماسلىققا، خىتاي رەھبەرلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى ۋەكىللىرى بىلەن ھېچ شەرتسىز دىيالوگ قۇرۇپ سۆزلۈشۈشكە چاقىرىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن. ئەنۋەرجان

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى

1999 - يىلى 10 - دېكابىر ( ميونخېن - گېرمانىيە )

## « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ باش كاتىبى كوفى ئاننانغا يېزىلغان مۇراجەئەتنامە

( باش قىسمى بىل . كېلىنتونغا يېزىلغىنىغا ئوخشىغىنى ئۈچۈن قىسقارتىلدى )

باش كاتىپ كوفى ئاننان جاناپلىرى:

بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردىكى ۋەكىللىرى سىزنىڭ 1999 - يىلى 23 - سېنتەبىر كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق ئومومى يىغىنىدا قىلغان سۆزلىرىڭىزنى چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەيمىز، جانابىڭىز بۇقېتىمقى نۇتقىڭىزدا، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ بەزى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە ھوقۇقىدىن ئۈستۈن بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋە قايسى دۆلەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنغاندا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇنىڭغا يول قويماسلىقى كېرەكلىكىنى بايان قىلدىڭىز.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە ئاكتىپ سىياسىي رول ئويناۋاتىدۇ، بىز بۇخىل ئىنسانپەرۋەرانە سىياسىتىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتاي رەھبەرلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىشنى ۋە دۆلەت تېرورىنى يۈرگۈزۈپ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشنى توختۇتۇشقا، ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى توختۇتۇشقا، خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ جايلاشتۇرۇشنى توختۇتۇشقا، ئۇيغۇرلاغا ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بېرىشكە ۋە بۇ مەقسەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ھەقىقى ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرىلەرنى باشلاشقا چاقىرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.

شۇنداقلا بىز جانابىڭىزدىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېگىشلىك ئورگانلىرىنى ھەرىكەتەندۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارنى، ياشلار، ئاياللار، باللار، ئىشچى ۋە دېھقانلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى نەقمەيداندا تەكشۈرۈشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز!

ھۆرمەت بىلەن:

ئەنۋەرجان

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى

1999 - يىلى 10 - دېكابىر ( گېرمانىيە - ميونخېن )

# مىللىي بىرلىكنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى




## تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي

تۇنجى نۆۋەتلىك مىللى قۇرۇلتاي 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە چاقىرىلدى ۋە بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ رەسمى نامى « شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيى » دەپ ئاتالدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، مەشھۇر مىللى رەھبىرىمىز ئەيسا ئەپەندىمنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە، تۈركىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى »، « شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيتى » ۋە « قەيسىرى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيتى » قاتارلىق 3 تەشكىلات ساھىپخانلىق قىلدى. ئىستانبۇل ئۈنىۋېرسىتېتى پەن فاكۇلتېتىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، شىۋېتسارىيە، گوللاندىيە، روسىيە، ئاۋۇستىرالىيە، پاكىستان قاتارلىق 14 دۆلەتتىن 80 دىن ئارتۇق رەسمى ۋەكىل قاتناشتى. يەنى بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا ئومۇمەن تاشقى دۇنيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق قاتناشتى. تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن باشقا يەنە مەشھۇر مىللىي رەھبىرىمىز ئەيسا ئەپەندى، مىللى ئۇستازلىرىمىزدىن زىيا سەمەدى، ئابدۇروپ مەخسۇم قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش ئۇتقىنى، قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن ئەپەندى قىلدى. 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ 12 ماددىلىق خىتابنامىسى، مۇراجەتنامىسى ئېلان قىلىندى. سالام ئارقىلىق، « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى قۇرۇلتاي رەئىسلىكىگە سايلاندى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قۇرۇلتىيىمىز بولغىنى ئۈچۈن، ئەينى چاغدا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە دۇنيادىكى 30 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا قۇرۇلتاي ھەققىدە 50 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، خەلقئارالىق ۋە دۆلەتلىك 20 دىن ئارتۇق تەشكىلات قۇرۇلتاي ئورگىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قۇرۇلتاي ھەققىدە مەلۇمات ئىستىدى. ئەپسۇسكى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇلتايدىن كېيىن قۇرۇلتاينىڭ قانۇنى رەسمىيىتى بېجىرىلمىدى ۋە قۇرۇلتاي ئۆزلىكىدىن كۈچتىن قالدى.

## شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى

1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى » نىڭ رىياسەتچىلىكىدە



قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، گېرمانىيە، شىۋېتسىيە، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا قاتارلىق 8 دۆلەتتىكى 15 تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە جەم بولۇپ، ۋەتەن - مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئەتراپلىق كېڭەش ئارقىلىق، يۇقارقى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى، تۇنجى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ياشنىتىش، ۋەتەن ئىچى ۋە خەلقئارادىكى پايدىلىق ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، تاشقى دۇنيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك كۆرەش ئېلىپ بارالايدىغان كوردىناتسىيونلۇق ئورگان - شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. شۇ ئاساستا، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى نىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن، 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى نىڭ مەدەنىيەت مەركىزى زالىدا مەركەز قۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى رەسمى قۇرۇلدى ھەمدە مىللى مەركەزنىڭ 12 ماددىلىق نىزامنامىسى ماقۇللاندى. سايلام ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى نىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن مىللى مەركەزنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يىغىندىن كېيىن، مىللى مەركەزنىڭ ئاخباراتى، باياناتى ۋە مىللى مەركەز قارمىقىدا قۇرۇلغان ۋەتەن فوندىنىڭ مۇراجاتى ئېلان قىلىندى. يىغىندا يەنە مىللى مەركەزنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە ئىستىقلال گېزىتىنى نەشر قىلىش قارارلاشتۇرۇلدى. مىللى مەركەزنىڭ يىغىندا يەنە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رەسمى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈش ۋە مىلى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلگىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە مىللى مەكەزنى شەرقىي تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىنىڭ تاشقى دۇنيادىكى ئەڭ ئالى رەھبەرلىك ئورگىنى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش قارار قىلىندى.

ئەمما بۇقېتىم تۈركىيەدە قۇرۇلغان مىللى مەركەزنىڭمۇ قانۇنى رەسمىيىتى بېجىرىلمىدى.



## 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي

« خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » قارمىقىدىكى بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق قارارىغا ئاساسەن، 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە 2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » چاقىرىلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، گېرمانىيە، شىۋېتسىيە، شىۋېتسارىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق 10 دۆلەتتىن 15 تەشكىلاتقا ۋاكالىتەن 28 نەپەر رەسمى ۋەكىل ۋە 50 كە يېقىن مېھمان كېلىپ قاتناشتى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » قاتارلىق 3 تەشكىلات ئورتاق ھالدا ساھىپخانلىق قىلدى. قۇرۇلتايدا، 23 چوڭ ماددا ۋە 100 دىن ئارتۇق پىراگىراپتىن تەركىپ تاپقان نىزامنامە رەسمى ماقۇللاندى. قۇرۇلتايدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئەنۋەرجان قۇرۇلتاي رەئىسلىكىگە سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى - گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرى قىلىپ قارارلاشتۇرۇلدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن، قۇرۇلتاينىڭ ئاخباراتى، باياناتى ۋە قارارلىرى ئېلان قىلىندى. 2 - قېتىملىق مىللى قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەستىقلىنىپ، مىللى قۇرۇلتاي رەسمى ھالدا قانۇنىي روييخەتكە ئېلىندى.

# ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نىڭ يىللىق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى



قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەسقەرجاننىڭ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن بورۇكسەل شەھرىگە بېرىپ، ياۋروپا پارلامېنت زالىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئەسقەرجان ئۆز دوكلاتىدا يەنە، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتى بىلەن باشقا ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىم ئالاھىدە تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، بۇ دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئۇيغۇر جامائىتىگە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ياۋروپادىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلار بىلەن سەممىي دىيالوگ ئورنۇتۇپ، مىللىي داۋانى بىرلىك' باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا ماس قەدەملەر بىلەن ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ، گېرمانىيەدىكى بارلىق ئۇيۇرلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بەدەلدىن قورقماي، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » قاتارلىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرگە 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىغا مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ساھىپخانلىق قىلغانلىقى ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلۈشىدە موھىم رول ئوينىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

« ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ بۇقېتىمقى قۇرۇلتىيىدا، تەشكىلات ئەزالىرى بەس - بەستە پىكىر بايان قىلىشىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى غەربىي ئەللەردە تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىش ۋە بۇئارقىلىق مىللىي داۋانى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى.

بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا، قۇرۇلتاينىڭ نازامنامىسىغا ئاساسەن دېموكراتىك ئۇسولدا سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، تەشكىلاتنىڭ 9 كىشىلىك يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى، تەشكىلات رەئىسى ئەسقەرجان يەنە قايتا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

( بېشى 1 - بەتتە )

بۇقېتىمقى يىغىندا ئالدى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىۋى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان سۆز قىلىپ، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئۆتكەن يىلى ياۋروپا مىقياسىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئومومى يۈزلۈك دوكلات بېرىپ ئۆتتى. ئەسقەرجان ئۆز دوكلاتىدا، ئۆتكەن بىر يىلدا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان برلىكى » تەشكىلاتىنىڭ گېرمانىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق داۋاسىنى تونۇتۇش، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسەتلىرىنى پاش قىلىش جەھەتلەردە خوشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ۋە ئۆتكەن بىر يىلدا ياۋروپادا شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن ۋە جانلانغان بىر دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى ئەملى مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئەسقەرجاننىڭ خىزمەت دوكلاتىدا، ئۆتكەن بىر يىلدا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، گېرمانىيە، شىۋىتسارىيە، بېلگىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قارشى جەمئىي 13 قېتىم نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ۋە بۇنامايىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك جەنۋە، بورۇكسەل، بېرلىن، پارىژ، بون، زۇرىخ، مىيونخىن قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ گېرمانىيە ۋە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 20 قېتىمدىن ئارتۇق خەلقئارالىق يىغىن ۋە ئىنسان ھەقلىرى مەزمون قىلىنغان تۈرلۈك كونفىرانسلارغا قاتنىشىپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ دەشەھەتلىك زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشقانلىقى، يەنە بىرجەھەتتىن، دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە باشقا تۈرلۈك ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ھەم ئاممىۋى گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان تۈرلۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى ئۈچۈن ياۋروپادا پۇختا ئاساس يارىتىشقا تىرىشقانلىقى ئەتراپلىق ھالدا قەيت قىلىندى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىللىق پائالىيەتلەر ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىق بولغىنىنىڭ، ئۆتكەن يىلى 3 - ئايدا ياۋروپا بىرلىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى كومىتېتى نىڭ رەئىسى ۋە گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فىشېر ئەپەندىنىڭ، ياۋروپا بىرلىگىنىڭ باش شىتابى جايلاشقان بېلگىيەنىڭ بورۇكسەل شەھرىدە ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى ئالاھىدە

# رابىيە قادىر 8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى

( بېشى 1 - بەتتە )

خىتاي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يۇقارقى قارارى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپلا قالماستىن، ھەتتا بۇ خەۋەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك بۇ ھەقتە بەس - بەيتە خەۋەر - ماقالىلار ئېلان قىلىندى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشى قاتتىق ئەيىپلەندى.

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇۋقىنەسى ئاپتۇرلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

گېزىتنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي
نامىدىن: ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىرى:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
مونتاژ: ئۆمەرجان شاھيارى
كوررېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سىيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
ئەختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
HypoVereinsbank
Konto Nr:
43728446
BLZ:70020270

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwerstr 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
Fax:
0049 89 55 86 99 87